# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي

3

دۈشەنبە

维吾尔文 6月3日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠡᠳᠦᠷ ᠦᠨ ᠰᠣᠨᠢᠨ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24715 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرايلى

## —— باش شۈجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

باش پىروگرامما تىكلەنسە، تارماق نىشانلار ئايدىڭلىشىدۇ، بىر تومنىڭ مەزمۇنى ئېنىق بېشىلسە، نۇرغۇن ماقالىنىڭ مەزمۇنى روشەنلىشىدۇ.

«ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئومۇمىي تەلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىگە ئاساسلانغان، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتىلغان، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكلەشچانلىققا ئىگە.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچلۈك قوۋۇپ تەشكىللەش، تۈرتكە بولۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئۇلۇغ كۆرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتىن باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، نىشان تەلىپى ۋە نۇقتىلىق تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى توپ كۆرسەتمە، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پىروگراممىلىق ھۆججەت. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تونۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تۈت «تەخىرسىز ئېھتىياج» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئۆزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردە

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# مەمۇرىي كېسىم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي كېسىم خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مەمۇرىي كېسىم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي كېسىم خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

پىكىردە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەمۇرىي كېسىم مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا، قانۇن ـ نىزامدا بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق تەلەپ ماجىرالىرىدىغا كېسىم چىقىرىش ھەرىكىتىدۇر. مەمۇرىي كېسىم ئۈنۈمى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن، كەسىپچانلىقى كۈچلۈك، تەرتىپى ئاددىي ۋە قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى تېز ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتىكى «ئېقىم تەقسىملەش كىلاپانى»لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: مەمۇرىي كېسىم خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش تەلىپى بويىچە، مەمۇرىي كېسىم ئارقىلىق زىددىيەت، ماجىرالارنى ھەل قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا

—— مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى


# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش: تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان قۇرۇلۇش قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. —— شى جىنپىڭ

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئايلانغاندا، مەيلى چەت ـ ياقىغا جايلاشقان كىچىك بازار بولسۇن، ياكى بوستانلىققا يۇشۇرۇنغان جىمجىت كىچىك شەھەر بولسۇن، ھەممىلا جايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆزگىرىشنىڭ ئارقىسىدا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى بار. بولۇپمۇ، مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، پۇختىلىنىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق گەۋدىلەندى.

■ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى

خېجىڭ ناھىيەسىگە جايلاشقان خېبېي يېڭى كەنتىگە كىرگەندە، بىر پارچە مەنزىرە رەسىم كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ: تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، يېڭىچە لايىھەلەنگەن تۆت ئائىلە بىر گۇرۇپپا قىلىنغان ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنالار، تەرتىپلىك لايىھەلەنگەن مەنزىرە پىيادىلەر يولى...

«بىز چارۋىچىلارنىڭ بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.» 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى چارۋىچى بارنا ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىنادا ئولتۇرىمىز، مائاش ئالىمىز، مۇھىتىمىز گۈزەل، بەختتىن ھۇزۇرلىنىش دېگەن مانا مۇشۇدە!»

«سۇ بىلەن تەمىنلەش ـ يۇندى چىقىرىش، يېقىلغۇ گاز، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، يورۇتۇش، خەۋەرلىشىش، تۈرلۈك ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تەل.» ئولتۇراق رايوندا سەيلە قىلىۋاتقان پاڭ فېي ھاياجانلانغان ھالدا: «لايىھەلىگۈچىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئەتراپلىق ئويلىشىپتۇ!» دېدى.

ھازىرقى ئۆزگىرىش توغرىسىدا توختالغاندا، پاڭ فېي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى پاختا يىغىش ماشىنىسىنى قۇراشتۇرماقتا. بۇ شىركەتنى جېجياڭ ئۆلكىسى جياشىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى بۇلتۇر 2 ـ ئايدا كىرگۈزگەن بولۇپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، نۆۋەتتە 142 كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. □ يۈ لىيۇدۇڭ فوتوسى

# جۇڭگو «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشى توغرىسىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خەن جيې، جاڭ جاۋچىڭ) گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشى توغرىسىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىدىكى سىياسىتى، مەيدانىنى شەرھلەشتىن ئىبارەت.

بۇ، بۇلتۇر 9 ـ ئايدا «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە دائىر پاكىتلار ۋە جۇڭگو تەرەپنىڭ مەيدانى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپنىڭ يەنە جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىشى. بۇ قېتىمقى ئاق تاشلىق كىتابنىڭ تولۇق تېكستى تەخمىنەن 8300 خەت، كىرىش سۆز ۋە خاتىمىدىن سىرت، جەمئىي ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا قوزغىغان ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئىككى دۆلەت ۋە پۈتۈن يەر شارىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، ئامېرىكا جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىدە گېپىدە تۇرمىدى، سەممىي بولمىدى، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر باراۋەر بولۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سەممىي كېڭىشىش مەيدانىدا چىڭ تۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شاۋ خۇڭ 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كەلدى

# مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى شاۋ خۇڭ 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، «ئېغىر نامرات رايونلارنى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش»نى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاۋ خۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش كېرەك، مائارىپ نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىششىنى توسىدىغان ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئابلىكىم ئېلېكترونلۇق سودا ئارزۇسىغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ مۇخبىرلىرىمىز شىي خۇيبىيەن، سۈي يۈنيەن

«ئەمەلىي قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالنى ئېچىپ، ئاساسىي ئۇچۇرنى تولدۇرۇپ، تاپشۇرۇش دېگەن كۆزنەكنى بېسىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىشنى ساقلايمىز...» يېقىندا، خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئەمەلىيىتى دەرسىدە، دىلنۇر ئەبەيدۇللا مۇئەللىم كىرىپدىت كارتىسىغا قانداق ئىلتىماس قىلىشنى سۆزلەۋاتاتتى، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان ئابلىكىم مەمەتئابدۇللا ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن سىنىپتىن چىقىشتى، ئابلىكىم يەنىلا باش چۆكۈرۈپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى. «ھازىر مەن تور دۇكىنىنىڭ ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆگىنىۋالدىم، ئۆگەنگەنسېرى قىزىقىپ قالدىم، شۇنداقلا يېڭى كىشىلىك ھايات نىشانىغا ئېرىشتىم» دېدى ئابلىكىم.

2018 ـ يىلى، ئابلىكىم قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن.

■ يېڭىباشتىن مەكتەپكە قايتىپ بىلىم ئېلىش

«مەن ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە» دېدى ئابلىكىم مۇخبىرغا خىجىل بولغان ھالدا. ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇ ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنىدى، شۇنداقلا نورمال، خۇشال تۇرمۇشتىنمۇ يىراقلاشقانىدى. قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش قىلغان مەزگىلدە، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، قاراڭغۇلۇقتىن تەدرىجىي قۇتۇلدى، شۇنداقلا يېڭىباشتىن بىلىم ئېلىش ئويىغا كەلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)